


ئايلىق ژورنىلى 9- سان

(2022-12)

## بىزنىڭ شوئارىمىز ...

نۇرغۇن يىل ما بەيىنى توختىماي كارۋان،
سېنىڭدە بەك شانلىق ئىزلار قالدۇرغان.
ھەتتاكى قان بىلەن يېزىلىپ تارىخ،
ئاتالدىڭ دۇنيادا بىر «تەكلىماكان».

نى سىرلار كۆمۈلگەن سۆيۈملۈك ماكان،
قوينىڭدا يېتىلگەن تالاي قىز-ئوغلان.
يىراقلاپ قالسىمۇ سەندىن بىر زامان،
تەكبىرلەر ياڭرىتىپ قايتىدۇ ھامان.

تەكلىماكان تەشۋىقات گۇرۇپپىمىز فېسبوك، يوۋتۇب، تىۋىتېر، ئېنستاگرام، ۋاتساپ ۋە تېلىگرام قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ھەرۋاقىت يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشنى خالىسىڭىز قانالىرىمىزغا ئەزا بولۇشىڭىزنى ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

1 ۋەتەن جۇغراپىيىسى — غۇلجا

5 سىياسى ماقالە — خىتاينىڭ ئۇرۇش ئېلانى

11 ئانالىز — ئامېرىكا - خىتاي

14 دىئاگراما — روكېتساندىن «خان»

15 ئەسكىرىي يوللانما — دالدا ياشاش تەييارلىقى

21 ئىلمىي ماقالە — كىتاب ئوقۇش ۋە تەپەككۇر

# ۋەتەن جۇغراپىيىسى

## غۇلجا






غولجا بولسا شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر ئاپتونوم ئوبلاست، 3 مىلىيونغا يېقىن نوپۇسى بار. شەرقىي جەنۇبىي قىسمى كورلا بىلەن، شىمالىي قىسمى بورتالا موڭغۇل ئوبلاستى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قىسمى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ (چېگرا سىزىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 432 كىلومېتىر). شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 350 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان كەڭلىكى 180 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 56 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر، ۋىلايەتكە بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە (غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى) قارايدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق ئورۇن غۇلجا شەھىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 700 كىلومېتىر.

غۇلجىدا تاجاۋۇزچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 4 ـ شىسىنىڭ شتابى ۋە 19 يېزا ئىگىلىك ـ دېھقانچىلىق تۇەن ـ مەيدانلىرى بار.

## جۇغراپىيە

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يەر شەكلىدىن قارىغاندا شەرقىي ئېگىز ھەم تار، غەربىي پەس ھەم كەڭ بولۇپ، تاغلىق جايلار % 68.54 نى، ئېدىرلىق 10.31% نى، تۈزلەڭلىك % 21.15 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق دەريا ـ ئېقىنلاردىن ئىلى دەرياسى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ تارماق ئېقىنى بولغان تېكەس دەرياسى، كۈنەس دەرياسى ۋە قاش دەرياسى قاتارلىقلار بار. يەر ئۈستى سۇ بايلىقى 14 مىليارد 550 مىليون كۇب مېتىر، تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش مىقدارى 4 مىليارد 945 مىليون كۇب مېتىر، يىلپىز، شىمال ئۆچكىسى، تۆت پۇتلۇق قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، ئارقار، قارا تايغان بۇغا، قىزىل تۈلكە، ئۇلار، ئاققۇ قاتارلىق ياۋايى ھايۋانات بايلىقلىرى ۋە سوغىگۈل، چۈچۈك بۇيا، ھىڭ، قار لەيلىسى، چوغلۇق، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر،

مىس، ئۇران، هاك تېشى، خرۇستال قاتارلىقلار بار. نېفىت، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، يېمەكلىك كەسىپلىرى بار.

## يېزا ئىگىلىكى

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دېهقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىقى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھازىر 286 مىڭ 900 گېكتار (4 مىليون 303 مىڭ 200 مو) تېرىلغۇ يەر، 407 مىڭ 300 گېكتار (6 مىليون 110 مىڭ مو) ئورمانلىق، 3 مىليون 419 مىڭ 300 گېكتار (51 مىليون 290 مىڭ مو) يايلاق بار. يەنە 4 مىليون 900 مىڭ گېكتار (73 مىليون 500 مىڭ مو) بوز يەر بار. ئاساسىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىقدان، قىزىلچا، زىغىر، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلار بار. زىغىر، تاماكا، ئالما قاتارلىقلار ئالاھىدە مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلىقى ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قوي، كالا، ئات قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ. بۇلاردىن ئىلى ئېتى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى بىر قەدەر داڭلىق. يۇڭ توقۇمىچىلىق، خۇرۇمچىلىق، كەندىر توقۇمىچىلىق، ھاراق ئېچىتىش، كۆمۈركان، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، شېكەر ئىشلەش، ئاشلىق، ماي پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سانائەت تۈرلىرى بار.

## ئىقلىمى

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىقلىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، مۆتىدىل سوغۇق بەلۋاغنىڭ نەم كىلىمات ئىقلىمىغا، سوغۇق بەلۋاغنىڭ نەم كىلىمات ئىقلىمىغا ۋە مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ مۆتىدىل قۇرغاق كىلىمات ئىقلىمىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە گىرادۇستىن 2.9 ـ 9.1 سېلسىيە گىرادۇسقىچە، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.2 سېلسىيە گىرادۇس، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 43.2 سېلسىيە گىرادۇس. قۇياشنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2700 ـ 3000 سائەت، قىروسىز مەزگىلى 130 ـ 180 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى، دەريا ساھىلىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ 200 ـ 300 مىللىمېتىر؛ دەريا ساھىللىرىنىڭ تاغقا يېقىن جايلىرى، ئوتتۇرا تاغلىق رايونلار ۋە ئوچۇق ئويمانلىقلارنىڭ 350 ـ 800 مىللىمېتىر؛ سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1260 ـ 190 مىللىمېتىر.

## ئىقتىسادى

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى تەدرىجىي مۇكەممەللەشمەكتە. تېز سۈرئەتلىك 231 ـ، 218 ـ لىنىيىلىرى ۋىلايەتنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە، يېزىلاردىكى يوللار تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتىشىپ كەتكەن. غۇلجا شەھىرىدە يەنە قەرەللىك ھالدا بىۋاستە ئالمائاتاغا بارىدىغان خەلقئارالىق يولۇچىلار ئاپتوموبىلى بار. غۇلجا ئايرودرومىغا ئوتتۇرا تىپتىن يۇقىرى ئايروپىلان قونالايدۇ، ھەر كۈنى ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلان بار. ئاسىيا، ياۋروپا نۇر كابىلىنىڭ ئۈرۈمچى ـ ئىلى بۆلىكى ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى، شەھەر، ناھىيىلەردىكى تېلېفونلار پۈتۈن مەملىكەت تورىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، پروگراممىلىق تېلېفون 67 مىڭ توچكىغا يېتىدۇ، سىمسىز چاقىرغۇ، كۆچمە تېلېفون قاتارلىق كەسىپلەر يولغا قويۇلغان. بۇ ۋىلايەتتىكى قورغاس، دۆلەت، مۇزارتتىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتلىك ر ـ دەرىجىلىك پورت، غۇلجا يولوچىلار قاتناش بېكىتىدىن ئىبارەت 2 ـ دەرىجىلىك پورت شەرقىي تۈركىستان بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم سودا يولى بولۇپ قالدى.


بەيتۇللاھ مەسچىتى


قاناس كۆلى
新华网



# ختاينىڭ ئۇرۇش ئېلانى

شىجىنپىڭنىڭ ختاي ھاكىمىيىتىكى ئورنى يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، ئۇ ئۇدا ئۈچ قېتىم ختاي كومپارتىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. بۇ كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم پارتىيە رەئىسى بولۇپ سايلىنىشى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك رەھبەر بولۇشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىلگىرى ختايدا ماۋزېدۇڭدىن باشقا ھېچكىم بۇ قەدەر ھوقۇق تۇتۇپ باقمىغان. ھازىر شى ختاينىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇش ئارزۇسى بار بولۇپ، دائىم «ختاي ئارزۇسى» شۇئارىنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇ بۇ شوئارنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ باي دۆلەت بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

شىجىنپىڭ ھەتتا «2049- يىلغا بارغاندا ختاينىڭ بىر پۈتۈن بولۇشى كېرەكلىكىنى، بېيجىڭنىڭ ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتىپ، چوڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى» ئېيتتى.

شى ئېيتقاندەك، بۇ دەۋر «ختاينىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىنىدىغان ۋاقتى» ھېسابلاندى.

## 1- ختاينىڭ ئۇرۇش ئېلانى

شى جىنپىڭ 3- قېتىملىق سايلامغا قاتنىشىۋاتقان بىر ۋاقىتتا غەلىتە بىر ۋەقە يۈز بەردى. شى نىڭ رىقابەتچىسى بولغان ختاينىڭ سابىق رەئىسى خۇجىنتاۋ كومپارتىيىنىڭ 20-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا يىغىن زالىدىن مەجبۇرى چىقىرىۋېتىلدى.

بىر قانچە سائەتتىن كېيىن ختاينىڭ زۇۋانى بولغان شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بۇ ئىشنىڭ خۇجىنتاۋنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچار بولغانلىق سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئەمما ئۇنىڭ شىجىنپىڭغا قارشى بولغانلىقتىن يىغىندىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكى ئوچۇق-ئاشكارا

دېپلىمگەن بولسىمۇ، بۇ ھەممەيلەن بىلىدىغان بىر ھەقىقەتتۇر.

2018- يىلى خىتاي ئاساسىي قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئىككى قېتىمدا چەكلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇ ئۆزگىرىش شىجىنپىڭ ئۈچۈنچى قېتىملىق سايلامغا قاتنىشىشىنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەن.

شىجىنپىڭ پۈتىنغا ئوخشاش ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزگەرتىپ، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە رەئىس بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېڭى ئۇرۇشلارغا كىرىشى كېرەك.

«ئۈن-تىنسىز ئالغا ئىلگىرىلەش» خىتاي پەلسەپىسىنىڭ دائىمي شوئارى بولۇپ، خىتاينىڭ ئۇرۇش خىتابنامىسى گەرچە بۈگۈن بايان قىلىنغان بولسىمۇ، تەييارلىقلار بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا باشلىنىپ بولغان ئىدى.

## 2- خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

بىر قانچە يىل ئىلگىرى خىتاي رەھبىرى شى «خىتاي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىش» ۋەدىسىنى بەرگەن ئىدى. كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ 3 يىلدىن كېيىن(يەنى 2015- يىلى)، شىجىنپىڭ خىتاي ئارمىيىنى ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن باراۋەر كۈچكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر پىلاننى باشلاتتى. بۇ پىلاننىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى 2049- يىلى ئىدى. پىلان باشلىنىپ 7 يىلدىن كېيىن، خىيالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا خېلى ئالغا باسقانمۇ بولدى.

ھازىر خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئەڭ يېڭى ۋە كۈچلۈك جەڭ پاراخوتلىرىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە ھازىرغىچە ئاشكارىلىمىغان كۆرەشچى ئايروپىلان ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلار سەپلەنگەن ھاۋا ئارمىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئاسىيادا ئوخشىشى بولمىغان يېڭى راكېتالاردىن تەركىپ تاپقان كۈچى ھەم بار.

ئەمما روسىيەنىڭ توختاپ قالغان ئۇكرائىنا ئىشغالىيىتى كۆرسەتكىنىدەك، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان قوشۇنلارمۇ كىچىك ۋە ئاز كۈچلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىدى.

## 3- خىتاي تەيۋەنگە قاچان ھۇجۇم قىلىدۇ؟

ئۆزى-ئۆزىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان تەيۋەندە 23 مىليون نوپۇس بار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئارالنى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى دەپ ساناپ كەلدى. ھازىر زۇرۇر تېپىلسا مەجبۇري تارتىۋېلىشقا ۋەدە بەرگەن مۇستەبىت خىتاينىڭ دائىملىق تەھدىتى ئاستىدا ياشىماقتا.

ئالدىنقى ئايدا خىتاي كومپارتىيىسى، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىگە قارشى تۇرۇش ۋە توسۇش سىياسىيتىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدا قانۇنغا يېڭى بىر ماددا قوشتى.

خىتاي تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلسا، تەيۋەننى مۇداپىئە قوراللىرى بىلەن قورشاپ تۇرغان ئامېرىكا ئۈچۈن خوش خەۋەر بولماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ھۇجۇمنىڭ تەسىرىگە جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن يېقىن بولغان دۆلەت-ياپونىيە تۇنجى بولۇپ ئۇچرايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خىتاينىڭ بۇ تەھدىتىگە قارشى ئامېرىكىنىڭ جاۋابىمۇ ۋاقتى-ۋاقتىدا بېرىلىپ كەلمەكتە.

ئامېرىكا ئاۋستىرالىيەگە، يادرو ئىقتىدارىغا ئىگە B-52 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئاتلانتىك ئوكياندىكى كۈچىنى تىنچ ئوكيانىغا يۆتكىگەن ئامېرىكا يېڭى رايوندىكى يېڭى چوڭ ئۇرۇشقا تەييارلىقلىرىنى كۈچەيتمەكتە دىسەكمۇ بولىدۇ.

## 3- تەيۋەننىڭ قىيىن كۈنلىرى

ئەمما بىز رايوندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆزەتكىنىمىزدە، خىتاينىڭ ئالدىبۇرۇن ئۇرۇشنى باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن. خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توشۇش يوللىرىنى چەكلەپ سىناق رايونى ئېلان قىلدى ۋە تەيۋەنگە كەم

دېگەندە 4 باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بەردى، بومبىلارنىڭ بەزىلىرى ياپونىيە ئىقتىسادىي رايونىغا چۈشتى.

كۆپىنچە تەھلىلچىلەر خىتاينىڭ بۇ يىل قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەيۋەننى كونترول قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتماقتا. خىتاي بولسا ھەركىتىنى سۆزىدىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرىدۇ. يەنى ئاۋال قىلغۇلۇقىنى قىلىدۇ، كېيىن باياناتى بېرىدۇ. بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىلدا مۇشۇنداق قىلىپ كەلدى.

## 5 ـ خىتاينىڭ يېڭى ھەربىي بازىلىرى

خىتاي ئارمىيىسى 2021ـ يىلى 7ـ ئاي ۋە 8ـ ئايلاردا يېڭى يادرو باشلىق «ھېپەرسونىك بومبا سىستېمىس»نى سىناق قىلدى. سىناق ئامېرىكىنى ھەيران قالدۇردى، بۇ خىتاينىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئۇلار ئويلىغىنىدىن خېلىلا ئالدىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

«ھېپەرسونىك بومبا سىستېمىس»نىڭ سىناق قىلىنىشى ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش ئەلۋەتتە.

خىتاي كومۇنىست پارتىيىسى 10 يىل سەرپ قىلىپ جەنۇبىي دېڭىزدىكى بەزى ئاراللارنى ئايروپىلانغا قارشى تۇرۇش سىستېمىسى، رادار گۇرۇپپىلىرى، ھۇجۇم پاراخوتى ۋە ئاسما جازىسى سەپلەنگەن ئەڭ ئىلغار ھەربىي بازىلارغا ئايلاندۇردى ۋە بۇ بازىلارغا يۈزلەرچە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى.

شى جەنۇبىي دېڭىزنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، ھەر يىلى 5 تىرىليون دوللار قىممەتتىكى مەھسۇلات ئۆتىدىغان بېلىقچىلىق يوللىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ قوشنا دۆلەتلەرگە كۈچ كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

## 6 ـ خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى ھەربىي بازىلىرى

فايرېي كروس ئارىلى ـ تەيۋەن ۋە ۋېيتنامنىڭ «بىزگە تەۋە» دېگىنىگە قارىماستىن خىتاي تەرىپىدىن كونترول قىلىنماقتا. ئارال 1866ـ يىلى خىتايدىن ئەنگلىيەگە تۇنجى چاي توشۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىگە قاتنىشىپ بىرىنچى بولغان چوڭ يەلكەللىك پاراخوتنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ھازىرقى كۈنىمىزدە بولسا ئارالنىڭ چاي بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، بەلكى ئۇنىڭغا رادار سىستېمىلىرى بىلەن يادرو ئوق بېشى سەپلەنگەن باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يېقىنقى زامانلاردا ئامېرىكىنىڭ چارلاش ئەترىتى، پاراخوت ۋە ئايروپىلانغا قارشى سىستېمىلار، لازېر ۋە تەشۋىش پەيدا قىلىش سىستېمىللىرى ۋە كۆرەشچى ئايروپىلار بىلەن توشۇپ كەتكەن يېڭى ئاراللارنى بايقىدى. خىتاينىڭ بۇ دەرىجىدە ئەسكەر توپلىشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ئەسكەر يىغىشى ھېساپلىنىدۇ.

بۇ بازىلار خىتاينىڭ «توققۇز سىزىقلىق چېگرا» دەپ ئاتىغان چېگرا ئىچىدە، يەنى جەنۇبىي دېڭىزدا زېمىن ئىشغال قىلىشىنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر.

## 7 ـ «توققۇز سىزىقلىق چېگرا» دېگەن نىمە؟

2012 ـ يىلى تارقىتىلغان خىتاي پاسپورتىدا «توققۇز سىزىقلىق چېگرا» قوشۇلغان خىتاي خەرىتىسى بار. ئۇنداقتا «توققۇز سىزىقلىق چېگرا» دېگەن نىمە؟

ئۇ 1947ـ يىلى خىتاي تەرىپىدىن سىزىلغان چېگرا سىزىقى بولۇپ، بۇ چېگرا بۇيىدىكى ئاراللاردا خىتاينىڭ ئەسكىرى بازىلىرى بار. 2015ـ يىلى تالاش-تارتىشتىكى دېڭىز رايونلىرىدا خىتاينىڭ قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان سۈرەتلىرى تارقالدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەتراپتىكى دۆلەتلىرنى چەتكە قېقىش مەقسىتىدە بىربىرگە باغلانغان 200 دىن كۆپرەك كېمىلەرنىڭ سۈرىتى تارتىلدى.

2021ـ يىلى 29ـ مارت، فىلىپپىن ھۆكۈمىتى سىپرتلا ئارىلىدا 254 كېمە ۋە 4 خىتاي ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ رەسمىنى تارقاتتى ھەمدە كېمىلەرنىڭ خىتاينىڭ دېگىنىدەك بېلىقچى كېمىلىرى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى ۋە بۇ كېمىلەرنىڭ خىتاي دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئۈتتۇرغا قويدى. ئەمما خىتاي بۇ كېمىلەرنى ئۇ

يەردىن يۆتكەشنى رەت قىلدى.

## 8 ـ خىتاينىڭ يېڭى مەركىزى نۇقتىسى: ئۈرۈش

كومۇنىست پارتىيەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق تەشەببۇسى ئىقتىساد بولماستىن مىللى بىختەرلىكتىن ئىبارەتتۇر.

تەيۋەننى كونترول قىلىش، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئىنتىرگۈچى كۈچ ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى قىيىن ۋە قانلىق بىر ئىش. چۈنكى بۇ روسىيەنىڭ قوشنىسى بولغان ئوكرائىنانى ئىشغال قىلغىنىغا ئوخشىمايدۇ. روسىيە ئۇكرائىنانى ئىشغال قىلىشتا پەقەت بىر قۇرۇقلۇق چېگراسىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئەمما خىتاي تەيۋەنگە ئۈرۈش قىلىپ قالسا ئارمىيىسى تەيۋەن بوغۇزىنى بېسىپ ئۆتىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا نورماندىيەدە قۇرۇقلۇقتا چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى دېڭىزدىن قۇرۇقلۇققا چىقىش ھەركىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە يۈزمىڭلارچە ئەسكەر بولىشى كېرەك.

## 9 ـ خىتاينىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقى

شىنىڭ ئۈچۈنچى قېتىم ھاكىمىيەت تۇتۇشى ۋە ئۈرۈش ئېلان قىلىشى خىتاينىڭ تىجارەتچىلىرى ئۈچۈن قىزىل سىگنال ئىدى. كومپارتىيەنىڭ كۈچەيگەن بېسىملىرى سەۋەبىدىن، كىشىلەر دىققىتىنى خىتايدىكى بايلارنىڭ مەركىزى بولغان خوڭكوڭدىن سىنگاپورغا يۆتكىدى.

پىرايد بانكىسىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، 2017 ـ ۋە 2019 ـ يىللىرى سىنگارپوردىكى ئۆي سېتىۋالغانلار 5 ھەسسە كۆپەيدى.2020 ـ يىلىدا 400 بولغان رەقەم بۇ يىل 700 گە كۆتۈرۈلدى. ئەلۋەتتە ئائىلەر كۆچۈشكە باشلىغاندا پۇللىرىنى ھەم بىللە ئېلىپ كېتىدۇ.

فاينىنسال تايمىس گېزىتى، خىتايدىكى كۆپلىگەن مىللەت ۋەكىلىرىنىڭ خىتايدىن قېچىشقا تەييارلىق قىلغانلىقىنى، بۇ سەۋەبدىن پۇللىرىنى خىتاي سىرتىغا يۆتكىگەنلىكىنى ھەمدە بەزىلىرىنىڭ ئائىلىرى ئۈچۈن باشقا دۆلەتتىن ۋەتەنداشلىق ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

بايلارنىڭ دەردى پەقەت ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان باجلا ئەمەس، ئاخىرقى يىللاردا ئەلى بابا گورۇھىنىڭ قۇرغۇچىسى مايۇن، مەبلەغ سالغۇچى جىڭخۇا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بايلارنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ بىختەرلىكىدىن ئەندىشە قىلماقتا.


## 10 ـ خۇلاسە

خىتاينىڭ ئۈرۈش پىلانىنىڭ تۇنجى بىكىتى يەنىلا تەيۋەن، تەيۋەن خىتاي قىرغىقىدىن 110 دېڭىز ملى يىراقلىقتا. 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقتتىن بۇيان، ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنى ئايرىم-ئايرىم باشقۇرۇپ كەلمەكتە. لېكىن بۇ ئەھۋال تەيۋەننى يەنىلا «تەيۋەن ئارىلى خىتاينىڭ زېمىنى» دېيىلىشتىن قېچىپ قۇتۇلدۇرالمىدى. شى بولسا تەيۋەننى مىراسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى دەپ قارايدۇ. ئۇ 20 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇنداق دېدى: كۈچ قوللىنىشتىن ۋاز كەچمەيمىز.

شى جىنپىڭنىڭ بۇ سۆزى يېقىندا يۈز بەرمەكچى بولغان ئۈرۈشنىڭ باشلىنىشىغا سىگنال بولالايدۇ ـ ئەلۋەتتە.


ئەگەر خىتاي تەيۋەنگە ئۈرۈش باشلاپ قالسا، ئامېرىكا بۇ ئۈرۈشقا قاراپ تۇرامدۇ ياكى ئىنتىپاقداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ ئۈرۈشقا كىرەمدۇ؟ بۇ يەنە بىر مەسىلە..

بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان مەسىلە بولسا، بۇ ئۈرۈش خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە تەسىر قىلامدۇ؟ شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنالامدۇ؟ ئەگەر بىر پۇرسەت شەكىللەنسە بىز تەييارمۇ؟؟؟


Japan
56,000
S.Korea
26,000
US 7th Fleet
57
TAIWAN



Beijing
Soldiers
2m
CHINA
Shanghai
Warships
777




“

# ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قارشى سىياستى

ئامېرىــكا خىتايىنــى ئەڭ مۇھــم ئىســتراتېگەيىلىك رەقــب دەپ قارايــدۇ، ئامېرىكانــڭ خەلقئارالىق ئۇســتۇنلۇكىنىڭ خىتــاي تەرىپىدىن خىرىســقا دۇچ كېلىشۋاتقانلىقىنى ياخشــى بىلىدۇ. بــاراق ئوباما دەۋرىدە ئاساســي يارىتىلغــان ۋە خىتايىنــى تەڭپۇڭلاشــتۇرۇش ئۇچــۇن يولغــا قويۇلغــان «ئاســيا تۇۋرۇكــى» ئىستراتېگىيەســىنىڭ زادى قانــداق ئىشــقا ئاشــۇرىلىدىغانلىقى ھەققــدە مۇھــم ســوئاللار مەۋجۇت.

بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايىنى چەكلەشــنى ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇشــنى ئىســتراتېگىيلىك نىشــان سۈپىتىدە داۋاملاشــتۇرىۋاتقانلىقى، ئەممــا بۇ ئىســتراتېگىيەنىڭ ئىجــرا قىلىش ئۇســۇللىرىدا مۇئەييــەن پەرقلەرنىڭ بارلىقى كۆرۈلمەكتە. بىللىنكېن ۋە ئوســتىننىڭ ياپونىيە، كورېيە زىيارەتلىرى، ھەمدە ئوســتىننىڭ ھىندىستان زىيارىتى خىتايغا قارىتا تاشــلىنىدىغان قەدەملەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك يۆنىلىشــرىنى شەكىللەندۈرمەكتە. بۇنىڭ بىرىنچى مەقســتى، ئەنئەنۋى ئىتتىپاقداشــلىق مۇناســۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۈچلۈك سىياسىي رىشتە ئورنىتىش. ئاندىن خىتاينىڭ (گېئوپولىتىلىق) سىياســي جۇغراپىيەلىك كېڭىيىشــگە قارشــى دېموكراتىك ۋە سىياســي ھالقىنى ئىقتىســادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن تېخىمۇ مۇســتەھكەملەش.

بىللىنكېننىــڭ ياپونىيــەدە ئىشــلەتكەن تىلى، بايدىــن ھۆكۈمىتىنــڭ خىتايىنى پەقەت ئىقتىســادىي ۋە ھەربىــي تەھدىت دەپلا قارىماســتىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇلچــەم مەركەزلىك لىبېرال (ئەركىنلىكنى ئاســاس

قىلغان) تۈزۈمگىمۇ تەھدىت دەپ قارايدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە قانۇننىڭ ئۈستۈنلىكى قاتارلىق ساھەلەردە خىتاينى تېخىمۇ بەك نىشان قىلغان بايدىن ھۆكۈمىتى، بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارا تەرتىپنىڭ كەلگۈسىگە ئالاقىدار تالاش-تارتىش يارىتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

شۇڭا بايدېن ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى خەلقئارا سەپ قۇرۇشقا تىرىشماقتا. خەلقئارا تەرتىپنىڭ ئۆزگىرىشى نۇقتىسىدىن يەنە بىر نىشانى، غەرب قانىتىدا گېئوپولىتلىق (سىياسىي جۇغراپىيەلىك) تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، ئەنئەنىۋى ئىتتىپاق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولماقتا. بۇ نۇقتىدا، ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋەتتە ترامپ دەۋرىدە كۆرۈلگەن بوزۇلۇشلارنى ئوڭشاش ۋە شەكىللەنگەن يېرىقلارنى چوڭقۇر گېئوپولىتلىق (سىياسىي جۇغراپىيىلىك) كاشىلا سىزىقىغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن تېزدىن تاقاش بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىنقى خىزمەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا.

بۇ پوزىتسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى مىنىستىرلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بىللىنكېن برىيۇسسېلغا بارغاندا تېخىمۇ نامايان بولدى. بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يەردە ئىككى نىشانى بولۇپ، بىرىنچىسى؛ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان گېئوپولىتلىق (سىياسىي جۇغراپىيىلىك) سەپنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان شامالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا قايتىدىن ئېنىقلىما بېرىش، چۈنكى ترامپ دەۋرىدە ئۆزئارا يىرىكلىشىشلەر كۆپ كۆرۈنگەن ۋە ئىتتىپاق ئىچى زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى، بايدىن ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك ئىتتىپاقلىق قۇرۇلمىسى دەپ قارالماقتا.

بلىنكېن برىيۇسسېلدا بۇ ئىتتىپاقنىڭ پەقەت مۇداپىئە ۋە بىخەتەرلىك تەشكىلاتىلا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ، سىياسىي تەرىپى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان بىر شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى كىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ خىتايغا بولغان پوزىتسىيەسىنىڭ زادى قانداق بولىشى، ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان گېئوپولىتىكا (سىياسىي جۇغراپىيىلىك) نۇقتىسىدىن ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان تېمىلارنىڭ بىرسى بولدى. تەشكىلات سۆپىتىدە «خىتاينى چۈشىنىش» باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان باش كاتىپ ستولتېنبېرگمۇ خىتايغا قارىتا «تەھدىت» دېگەن سۆزنى بەكرەك ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ئالىي ۋەكىلى بوررېلىنىڭمۇ بىللىنكېن بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇچرىشىشىدا، بۇنى تەكرارلىنىدىغان سۆزگە ئايلاندۇرغانلىقى مەلۇم.


گەرچە ياۋروپا خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش پۇرسىتى بار دەپ قارىسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۇ ئىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتكە ئايلانغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭلاشقا بايدېنغا نىسبەتەن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ رۇسىيە ۋە خىتايغا قارشى قۇرۇلماقچى بولغان يېڭى ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان سەپ ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك تۈۋرۈك بولۇپ كۆرۈلمەكتە.

بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككىنچى نىشانى بولسا، ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان غەرب گېئوپولىتلىق (سىياسىي جۇغراپىيىلىك) فرونتىنىڭ پارچىلانغان قۇرۇلمىسىنى رېمونت قىلىشتۇر. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى مىنىستىرلار ئۇچرىشىشىغا قاتناشقان بىللىنكېندىن باشقا يەنە، بايدېننىڭمۇ يىراقتىن سىنلىق يىغىن ئارقىلىق ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، خىتاي ۋە رۇسىيە

تەرەپكــە ھەممىنــىڭ دىققىتىنى تارتىشــى ياۋروپانى تەڭشــەش ۋە تۈزەش خاركتېرىگە ئىگــە بىرقەدەمدۇر.

گەرچــە بىللىنكېــن ياۋروپاغــا ئامېرىكانىڭ خىتايغا قارشــى كۈرەشــدە «ســىلەر بىز بىلــەن بىللىمۇ ياكى ئۇلار بىلەنمۇ؟» دېگەن تاللاشــنى ســۇنمىغانلىقىنى ئېيتتىســمۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتىشــىگە ئەگىشىپ ياۋروپانــى خىتاي مەسىلىســىدە بــۇ تاللاشــقا زورلايدىغانلىقى ئېنىق.

ياۋروپــا ئىتتىپاقىنىڭمــۇ بۇ كۆنلــەردە يولغا قويماقچــى بولغان يېڭــى ئىســتراتېگىيەلىك ئاپتونومىيە سىياســتىنى شەكىللەندۈرۈشــتىكى ئەندىشــىلىرىنىڭ بىرى دەل خىتايــدۇر. بۇ ســەۋەبتىن ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتايغا قارشــى ئىســتراتېگىيەلىك بىر پۈتۈنلــۈك بەرپا قىلىش ئۈچــۈن ئامېرىكانــىڭ رەھبەرلىكىگە ماقۇل بولىدىغانلىقــى ئېنىق.




يەرلىك راكېتا «خان» تۆنجى
قېتىم ھىندونېزىيىگە
ئەۋەتىلدۇ
روكېتسان
roketsan
دېئاگرامما
سىستېما ئالاھىدىلىكلىرى
ئىسپاتلانغان جەڭ قىلىش ئىقتىدارى
7/24 ھەر تۈرلۈك ھاۋا ۋە يەر شارائىتلىرىدا قوللىنىشقا بولىدۇ
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېتىشقا تەييار بولىدۇ
ئۇرۇش سەزگۈرلۈكى يۇقىرى
ئۇنۇمى ياخشى
يۆتكىلىشچانلىقى ئۈزلۈكسىز بولۇشى ۋە توسقۇنلۇق قىلىشقا قارشى سىستېما
نىشانلار
يۇقىرى ئىنىقلىقتا بەلگىلەنگەن نىشانلار
ئالغۇچى ۋە ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىلىرى
رادار ئورۇنلىرى
توپلىنىش رايونلىرى
ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھەلىرى
مانداتلىق ۋە ئالاقە سىستېمىلىرى
دىيامېتىر
610 mm
تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر
مۇساپىسى: (280km – 80km) غىچە
ئېغىرلىقى: 2500kg
كونترول
ANS ،KKS قوللىنىلغان
پارتلاش قىسمى
پارچىلىنىپ ۋەيران قىلىدىغان
يېقىلغۇ تىپى
قاتتىق بىرىكمە
كاپسۇل تىپى
سوقۇلۇش ۋە يېقىنلىشىش
ئېغىرلىقى
470kg
كونترول:
سۈيۈقلۇق قوزغىتىش سىستېمىسى بىلەن ھاۋا دىنامىكىلىق كونترول
* KKS يەرشارىلاشقان ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى
* ANS ئىنېرتسىيىلىك يول باشلاش سىستېمىسى
ئۇرۇش سەزگۈرلۈكى (CEP)
≤ 10 m KKS + destekli ANS**
≤ 100 m sadece ANS**




# دالىدا ياشاش تەييارلىقى

## 1. قىينچىلىقتا ھايات كەچۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان سايمان ساندۇقى

قىينچىلىق شارائىتتا ئۇنىڭغا قارىتا تەييارلىق ۋە پىلان بولغاندىن سىرت، يەنە بىزدە زۆرۈر لازىمەتلىكلەر ساندۇقى بولۇشىمۇ مۇھىم.

ئەسكىرىي ئايروپىلانلاردا ئادەتتە بۇنداق زۆرۈر لازىمەتلىكلەر ساندۇقى سەپلەنگەن بولىدۇ، ساندۇقتىكى لازىمەتلىكلەر بىز ئۇچماقچى بولغان رايۇننىڭ شارائىتىغا ئاساسەن تاللانغان بولىدۇ، يەنى بەزىسى سۇ ئۈستىدىكى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا، بەزىسى قاتتىق ئىسسىقتىن ساقلىنىشقا، ۋە يەنە بەزىسى قاتتىق سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرىغا، ئۇچقۇچىلارنىڭ قۇتقۇزۇش جىلتىكىسى دېگەندەك نەرسىلەر سەپلەنگەن بولىدۇ.

مۇشۇ لازىمەتلىكلەر ساندۇقىدا تۆۋەندىكىدەك نەرسىلەر بار:

- سۇ ياكى سۇغا ئېرىشىش سۇ ساقلاش ئۈسكۈنىسى (سۇنى تۈزسىزلاشتۇرۇش ئۈسكىنىسى)؛
- يېمەكلىك ياكى يېمەكلىككە ئېرىشىشتە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك سايمان؛
- ترىپولىمېرلىق فورمالىن يېقىلغۇسى (Trioxane fuel)؛
- سەرەڭگە ۋە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان سەرەڭگە قېپى؛
- قازان؛
- قاتلىنىدىغان كىچىك پىچاق؛
- پىلاستىك قوشۇق؛
- كومپاس؛
- سىگنال ئەينىكى (سۇ ئۈستىدە قۇتقۇزۇش ساندۇقىنىڭ ئىچىدە يەنە دېڭىز سۈيى رەڭگىنى ئۆزگەرتىدىغان بوياق، قاتتىق ئىسسىقتا ئىشلىتىلىدىغان بويۇملار ساندۇقىنىڭ ئىچىدە يەنە

پىلاستىك پۇشتەك بولىدۇ؛

• سىگنال تاپانچىسى (بەلگە تاپانچا)؛

## 2. جىددى قۇتقۇزۇش ساندۇقى

بىر قىسىم مۇھىتنىڭ زىيان يەتكۈزىشىدىن ساقلايدىغان بويۇملار (سۇ ئۈستىدە ۋە قاتتىق ئىسسىق مۇھىتتا قۇياش نۇرى چېقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بويۇملار):

• ھاشارەتتىن مۇداپىئەلىنىش باش كىيىمى؛

• قوش پايدىلانغىلى بولىدىغان كۈن نۇرىنى توسىدىغان قالپاق؛

قەھرىتان سوغۇقتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان ساندۇقىنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى بويۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

• يامغۇرلۇق يېپىنچىسى؛

• ئۇخلاش خالتىسى «ئەسكىرىي يوتقان»؛

• ھاشارەتتىن مۇداپىئەلىنىش باش كىيىمى؛

• گۈرجەك؛

• شام؛

• ھايات كەچۈرۈش قوللانمىسى؛

سايمان ساندۇقى ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، ئەگەر ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، سىز خەتەرلىك شارائىتتا قالغان ۋاقتىڭىزدا ئۇ بىباھا نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

## 3. لازىمەتلىكلەرنىڭ تاللىنىشى

قايسى خىل لازىمەتلىكنىڭ تاللىنىشى مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

لازىمەتلىكلەر ساندۇقىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئاز ياكى كۆپ قاچىلىنىشى ھەمدە ساندۇقنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش، سىزنىڭ سەپەرگىزنىڭ شەكلى ياكى پۈتۈن ئۆمەكنىڭ ئومۇمىي تەييارلىق تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

سايمان ساندۇقى تەييارلىغان ۋاقىتتا، ئىككى خىل نەرسىنى ئوخشاش ئىشلىتىدىغان بولسا، تەكرار ئالماسلىق كېرەك، ئەگەر ئۇنداق بولغاندا ساندۇقنىڭ ھەجمى ۋە ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەندىن باشقا ئىش بولمايدۇ.

لازىمەتلىك ساندۇقىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەييارلاش زۆرۈر ئەمەس، لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان نەرسە تېپىپ سېلىۋالساقلا بولىدى. بۇ بەلكىم سىز بۇرۇن يىغىپ قويۇپ قويغان قاپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ساندۇقى ۋەياكى باشقا ماس كېلىدىغان قاپلار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ قاپلار چوقۇم تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

• ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك؛

• چىدامىلىق؛

• بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قامدىيالايدىغان؛

• سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان؛

سايمان ساندۇقىنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى نەرسىلەر چوقۇم بولۇشى كېرەك:

• جىددى قۇتقۇزۇش بويۇملىرى؛

• سىگنال يوللاش ئەسۋابى؛

• سۇ ياكى بىزنىڭ سۇغا ئېرىشىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئەسۋاب؛

• ئوت ياقىدىغان سايمان؛

• يېمەكلىك ياكى بىزنىڭ يېمەكلىككە ئېرىشىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئەسۋاب؛

• يېپىنچا؛

• قۇرال؛

• پىچاق؛






THE ULTIMATE 72 HOUR
BUG OUT BAG
2017
EDITION
SAS SURVIVAL HANDBOOK
MEDICAL KIT
URBANSURVIVALnetwork.com


Les indispensables
Inventaire




# كىتاب ئوقۇش ۋە تەپەككۇر

ئابدۇرېھىم دۆلەت

كونىلىقىدىن بىر قاراشقىلا ھېچكىمنى قىزىقتۇرالماس بولۇپ كەتكەن بۇ تېما، بىز ئۈچۈن مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەس قىممىتى ۋە مۇھىملىقى بىلەن داۋاملىق دىققىتىمىنى چېكىپ تۇرىدۇ، پەرىشانلىق ئىزتىراپلارغا باشلاپ تۇرىدۇ. كىتاب ئوقۇشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاسان، ئەڭ مۇھىم ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، مەرىپەتپەرۋەرلىكىمىزنى مىللەتنىڭ نادانلىقتىن قاقشاش بىلەن نامايەن قىلىپ يۈرۈشتەك مەنتىقىسىز ھالىتىمىز كىشىنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ.

بىزدە كىتاب ئوقۇشنىڭ گېپى چىقسىلا، دەرھال «ئۇيغۇرلار كىتاب ئوقۇمدۇ ـ ئوقۇمامدۇ؟» دېگەن سوئالنى تالىشىشقا چۈشۈپ كېتىمىز، بەزىمىز بىر قانچە پارچە كىتابنىڭ كۆپرەك سېتىلغىنىغا قاراپلا، ياكى يەكشەنبە كۈنى كىتابخانىدا كۆرگەن بىر قانچە دېھقان ياكى كىچىك بالىدىن ھاياجانلىنىپلا، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كىتابنى سۆيىدۇ، كىتابخۇمار مىللەت دەپ دەۋا قىلىشساق، يەنە بەزىمىز ئىلمىي، پەننىي كىتابلارنىڭ بازارلىق بولمىغىنىدىن ئۇيغۇرلار كىتاب ئوقۇمايدۇ دېگەن خۇلاسىگە ئالدىرايمىز. بۇ كىچىككىنە يازما پۈتۈن بىر مىللەت ئۇنداق، بۇنداق، بۇنى قىلىدۇ، بۇنى قىلمايدۇ دېگەندەك گىگانت ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. بۇنداق تېمىلار تەسرات يېزىش بىلەن ئەمەس، تەتقىقات قىلىش بىلەن پۈتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۇسۇللىرى ئەستە ساقلاش، كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىش دېگەندەك كونكرېت مەسىلىلەرمۇ مەزكۇر مۇلاھىزىمىزنىڭ تېمىسى ئەمەس. مەزكۇر ھېسابايان پەقەت مېنىڭ كىتاب ئوقۇش بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى شەخسىي تاسىراتلىرىمدىن ئىبارەت. ھەرگىزمۇ ئىلمىي ماقالە دېگىلى بولمايدۇ. گەرچە كىتاب ئوقۇش، تەپەككۇر دېگەن ئۇقۇملارنى ئىلمىي نۇقتىدىن سىستېمىلىق يورۇتۇپ چىقىش زۆرۈر بولسىمۇ، بۇ يازمىنىڭ مەقسىتى ھازىرچە كىتاب ئوقۇشنىڭ تەپەككۇرغا كۆرسىتىدىغان مۇھىم تەسىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، مۇھاكىمىمىز ئومۇمەن

مۇشۇ مەركىزىي ئىدىيەنى چۆرىدەيدۇ.

ئەقىل ئاتا قىلىنغان ھەر بىر مەخلۇق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز كىچىكى تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش دېگەندەك، ئۇششاق ئىشلاردىن تارتىپ، شىركەت، ئارمىيە، دۆلەت باشقۇرۇش ۋە مۇرەككەپ ئىلمىي تەتقىقات، تەجرىبىلەرگە قەدەر ھەر قانداق ئىش ئۈستىدە ئويلىنىمىز، پىكىر يۈرگۈزىمىز. تەپەككۇر ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەمەس، ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ رېئال دۇنيادىكى ئورنى قىممىتىنىمۇ پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان شۇنداق بىر مۇھىم ئەڭگۈشتەر. دەرۋەقە، دۇنيا رېئاللىقىدىنمۇ، بويىنىنىڭ ئۈستىنى ئىشلىتىۋاتقانلار بىلەن ئاستىنى ئىشلىتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىكى غايەت زور پەرقنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. ئەلۋەتتە، ئىنساننى ئىنسانلىق شەرىپىگە ئىگە قىلغان ئەقىل - تەپەككۇرنىڭ قىممىتى، رولى ھەققىدە يەنە ئەزمىمىزنى ئېزىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ھېلىمۇ بۇ ھەقتە جىق ئاڭلاپ كەتتۇق ھەم ئاڭلاۋاتىمىز. ۋەھالەنكى، شۇنداق تۇرۇقلۇق كۆپىنچىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال تەپەككۇرى يەنىلا مەزمۇنى پۇچەك، ئۇسۇلى مەنتىقىسىز، دائىرىسى تار، تېيىز ھالەتتە تۇرماقتا، ئوخشاش بېرىلگەن ئەقىل سەل قارىلىش، قېزىلماسلىق، جايىغا ئىشلىتىلمەسلىك دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ئىسراپ قىلىنماقتا، زىرەك مېڭىلەر ئوزۇقلۇق تولۇقلاپ تۇرمىغانلىقتىن، ئەخلەت، كۆپۈك ئۇچۇرلار بىلەن داتلىشىپ كەتمەكتە. ئەقلىنى داۋاملىق مەدھىيەلەۋاتىمىز؛ ئاشقازىنىمىزنى كەپلەپ توشقۇزۇۋاتىمىزيۇ، مېڭىمىزنى ئاچ قويۇۋاتىمىز.

تېمىمىزغا قايتىپ كەلسەك، ئاۋۋال تەپەككۇرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىۋېلىش، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ سۈزۈك ئاڭقىرىۋېلىشىمىزنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، تەپەككۇر ئەقىلنىڭ پائالىيىتى، بىز بۇنى يەنە ئويلىنىش دەپمۇ ئىپادىلەيمىز. ئويلىنىش بىلەن تەپەككۇر مەنىداش ئىبارىلەر، ئەمما مەنىسى بىر - بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بىز كەچتە نېمە يېيىشنى، ئەتە نېمە كىيىشنى ئويلىنىمىز، بۇ يەردە بىز كەچتە نېمە يېيىشنى تەپەككۇر قىلىۋاتىمىز دېيەلمەيمىز. كىتابتىن ئوقۇغانلىرىم توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىۋاتىمەن دېگەن جۈملىنى ئوقۇغانلىرىم توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتىمەن دەپمۇ ئىپادىلەش مۇمكىن. بىراق تىل سەزگۈرلۈكى يۇقىرى كىشىلەر بۇ ئىككى ئىبارىدىكى ئىنچىكە دەرىجە پەرقىنى بايقىيالايدۇ. بۇ مىسالدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، ئويلىنىش تەپەككۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇم، يەنى ھەر قانداق تەپەككۇرنى چوقۇم ئويلىنىش دېگىلى بولىدۇ، ئەمما ھەرقانداق ئويلىنىشنى تەپەككۇر دېگىلى بولۇشى ناتايىن، بۇنىڭدىن قارىغاندا، تەپەككۇر ئويلىنىشنىڭ ئالىي شەكلى. بۇ يەردە ئويلىنىش كەلىمىسى بىلەن تەپەككۇر كەلىمىسىنى پەرقلەندۈرۈشتىن مەقسەت تەپەككۇرنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

تەپەككۇر ئۇقۇمىغا بېرىلگەن تەبىرلەر تولىمۇ كۆپ بولۇپ، مەن بۇ يەردە تۆۋەندىكى تەبىرنى كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. «تەپەككۇر دېگىنىمىز، مېڭىنىڭ مەلۇم

بىر ياكى بىر قانچە ئوبيېكت ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدۇر»، بۇ جەريان گەرچە «تەپەككۇر»دىن ئىبارەت بىرلا ئىبارە بىلەن ئاتالسىمۇ، بىراق بۇ كۆزىتىش، ئەستە ساقلاش، تۈرگە ئايرىش، تاللاش، سېلىشتۇرۇش، ئانالىز قىلىش، بىرلەشتۈرۈش، ھۆكۈم چىقىرىش، قارار چىقىرىش ... دېگەندەك ئوخشىمىغان باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە، بۇ باسقۇچلار بىزنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇر جەريانىمىزغا بىز ھېس قىلمايدىغان دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئەگەر بىز تەپەككۇرنى ئوبرازلىقراق ئىپادىلىسەك، بۇنى زاۋۇتتا مەلۇم مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئوخشىتىش مۇمكىن. زاۋۇتلاردىمۇ ئاۋۋال كېتەرلىك خام - ئەشيالار تەييارلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنى مۇئەييەن تېخنىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاخىرىدا خېرىدارلار ئىستېمال قىلىدىغان بىر مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرىدۇ. ئالايلۇق، ئەگەر ئۇن تارتماقچى بولساق، بىز ئاۋۋال ئۆگۈتنى ئەكىلىمىز، ئۇنى يۇيۇپ، چايقاپ دېگەندەك زۆرۈر باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلايمىز، ئاخىرىدا زاۋۇتقا سېلىپ ئۇنغا ئايلاندۇرىمىز. تەپەككۇرمۇ دەل مۇشۇنداق بىر جەريان بولۇپ، ئۇستىدىكى تەبىردە ئىپادىلەنگىنىدەك، ئاۋۋال مەلۇم بىر ئوبيېكت - مەيلى ئۇ ئادەم، نەرسە دېگەندەك كونكرېت شەيئى بولسۇن، ياكى دۆلەت، شىركەت، پارتىيە دېگەندەك بىر ئورگان بولسۇن، ۋەياكى ئەركىنلىك، قۇللۇق، مۇھەببەت - نەپرەت دېگەندەك ئابستىراكت ئۇقۇم بولسۇن — ھەققىدىكى مەلۇم ئۇچۇر - مەلۇماتلارغا ئېرىشىمىز. ئاندىن مەزكۇر مەلۇماتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئۇشبۇ ئوبيېكتلار ئۇستىدە ئويلىنىش ئېلىپ بارىمىز، ئاخىرىدا مەزكۇر ئوبيېكت ھەققىدە مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، مۇئەييەن بىر بىلىش - يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. مانا بۇ يەكۈن ياكى ئاخىرقى خۇلاسە بىزنىڭ تەپەككۇر جەريانىمىز ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ.

بىز يۇقاردىكى مىسالدىن تەپەككۇر جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر قانچە ئامىلنى كۆرەلەيمىز.

① ــ تەپەككۇر ئوبيېكتى.

② - ئوبيېكت ھەققىدىكى ئۇچۇر - مەلۇمات

③ ــ تەپەككۇر جەريانى.

④ - تەپەككۇر نەتىجىسى

شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بۇ تۆت ئامىلدىن قايسىبىرى كەم بوپقالسا، ئۇ ھالدا تەپەككۇر جەريانى كەمتۈك پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. تەپەككۇر نەتىجىسىمۇ خاتا ياكى مەنپەئەتسىز بولۇپ چىقىدۇ. ئەمدىكى بايانىمىز ئىككىنچى ئامىل، يەنى، تەپەككۇرنىڭ خام - ئەشياسى ھەققىدە بولىدۇ، چۈنكى بۇ باشقا ئۈچ ئامىلغا قارىغاندا، ماقالىمىزدىكى يەنە بىر تېما بولغان كىتاب ئوقۇش بىلەن تېخىمۇ زىچ، بىۋاستە مۇناسىۋەتكە ئىگە.

بىز شۇنى بىلدۇقكى، ئۇندىن ئىبارەت مەھسۇلاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، بىز ئۆگۈتكە مۇھتاج بولغاندەك، بىز مەلۇم ئوبيېكت ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر ئۇچۇر، مەلۇماتلارغا ئېھتىياجلىق بولىمىز.

مەلۇم ئوبيېكت ھەققىدە كىرەكلىك ئۇچۇر - مەلۇماتتىن مەھرۇم ھالەتتە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، توغرا بىلىشكە ئېرىشمەكچى بولۇش، تۇگمەنگە ئۇگۇت سالماي تۇرۇپ ئۇننى تاما قىلغاندەك ئەخمىقانىلىقتۇر. بىز تەپەككۇر ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئۇچۇرلارنى ھەر خىل مەنبەلەردىن قوبۇل قىلىمىز. رادىيو - تېلېۋىزور، گېزىت - ژۇرنال، ئىنتېرنېت، كىتاب - دەرسلەر، ماقال - تەمسىل، ھېكايە - چۆچەك، ھەتتا كوچا - كويلاردىكى ئۆسەك سۆزلەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەپەككۇر خۇرۇچلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان مەنبە ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ تىلغا ئېلىنغان مەنبەلەرنىڭ ئىچىدە كىتاب تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، ئېرىشىش قولاي، تارقىلىشى ئەڭ كەڭ مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، پەيدا بولغاندىن تارتىپ، ئىنسانلار تەپەكۇرنىڭ خاتىرىسى، خۇرۇچى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇنداقتا تەپەككۇرىمىزنىڭ مۇھىم مەنبەسى، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە خاتىرىسى بولغان كىتاب تەپەككۇرىمىزغا قانداق ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ تۆۋەندە مەن مەزكۇر سوئالنى مەركەز قىلىپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىمەن.

## ① - كىتاب ئوقۇش تەپەككۇرنى خۇرۇچ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىز يۇقىرىدا تەپەككۇرنىڭ تەبىرىنى سۆزلىگەندە، ئۇچۇر مەلۇمات دېگەن بىر سۆزنى تىلغا ئالغانىدۇق. كىتاب بولسا ئەنە شۇ ئۇچۇر - مەلۇماتلارنى تەمىنلەيدىغان مەنبەلەرنىڭ مۇھىممىدۇر. تۇگمەن - ئۇگۇت مىسالىنى ئەسلىسەك، بۇنى تېخىمۇ روشەن چۈشىنەلەيمىز. كىتابنىڭ باشقا ئۇچۇر مەنبەلىرىدىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم بىر نەرسە شۇكى، كىتاب باشقا مەنبەلەر تەمىنلەيدىغان سانلىق مەلۇمات، پاكىت، تەسۋىر دېگەندەك خام ماتېرىياللارنىلا تەمىنلەپ قالماستىن، بەلكى كىتابتا ئاپتورلار تەرىپىدىن مەلۇم دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ بولغان تەپەككۇر مېۋىلىرىنىمۇ تەمىنلەيدۇ. مۇقەررەركى، ئۇشبۇ تەييار تەپەككۇر نەتىجىلىرى بىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ ئاپتورلار مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن تېما ھەققىدە ئويلىنىشىمىزنى قوزغايدۇ، غىدىقلايدۇ. كىتابتا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر نەتىجىلىرىنىلا ئەمەس، يەنە شۇ نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەپەككۇر ئۇسۇللىرى بىلەنمۇ ئۇچرىشىمىز.

قىسقىسى، بىز كىتابتا ئۇچراتقان نۇقۇل خام ماتېرىيال بولسۇن، ياكى شۇ خام ماتېرىياللارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش جەريان - ئۇسۇللىرى بولسۇن، ۋەياكى شۇ جەريان - ئۇسۇللاردىن كېلىپ چىققان تەپەككۇر نەتىجىلىرى بولسۇن، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى قىممەتلىك خۇرۇچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەيلى كىتابتىكى مەزمۇنلارغا قوشۇلايلى، ياكى ئېترازىي پىكىردە بولايلى، بۇ ئىنكاسلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مېڭىمىزدىن بىر قاتار ئۆتىدۇ. كىتاب ئوقۇپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ مېڭىسى بىكار قالمايدۇ، داۋاملىق تەپەككۇر ھالىتىدە تۇرىدۇ.

ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇش كەچۈرمىشلىرىمىزنى قايتا بىر ئەسلەپ

كۆرگىنىمىزدە، ئوي - پىكىرلىرىمىزنىڭ دائىم كىتابتىكى مەلۇم دېتاللاردىن زەرەتلىنىدىغانلىقىنى، تەسەۋۋۇرلىرىمىزنىڭ قاناتلىنىدىغانلىقىنى، ياكى تېگى يوق ئويلارغا غەرق بولىدىغانلىقىمىزنى ئېتراپ قىلىمىز. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش مىقدارى بىلەن ئوڭ تاناسىپتۇر. دەل ئەكسىچە، كىتابتىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ تەپككۇرىنىڭ بولسا تېيىز، تار، يەكۇنلىرىمۇ ئاۋاق، جانسىز بولىدىغانلىقى بىر پاكىتتۇر.

تەپەككۇر خۇرۇچى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، بىز پەقەت ئېرىشەلىگەن ئاشۇ ئۇچۇرلار ئاساسىدا، ئاندىن تەپەككۇرىمىزنى قانات يايدۇرالايمىز. ناۋادا ئۇگۇتىمىزنىڭ تايىنى بولمىسا، مەيلى سۇ تۈگمىنىدە ياكى زامانىۋى زاۋۇتتا بولسۇن، كۆپلىگەن ئۇننى تارتىپ ئالالمايمىز. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇن بولمىسا، نان ياقالمايمىز، ياغاچ، تاش، كېسەكلەر بولماي تۇرۇپ بىنا سالالمايمىز. مەلۇم پىشقان نەتىجىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، زۆرۈر خام ئەشيالارغا بولغان ئېھتىياج، ماددىي دۇنيانىڭلا ئەمەس، تەپەككۇر ئالەمىنىڭمۇ قانۇنىيىتىدۇر. دېمەك، تەسەۋۋۇرغا پىلتە، تەپەككۇرغا خۇرۇچ بولمىسا، شەيئى - ھادىسىلەر ھەققىدە توغرا پىكىر يۈرگۈزگىلى، توغرا بىلىشكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، بىز مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇچۇر - مەلۇماتلارغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىمىزنى تەن ئېلىشقا مەجبۇرمىز. سورۇنلاردا بىز داۋاملىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ سىياسەت - ئىستراتېگىيەسى، خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقا خۇشتار. خۇددى ب د ت نىڭ باش كاتىپى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ مەسلىھەتچىسىدەك تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ - جەزم بىلەن سۆزلەپ كېتىمىز، ئەپسۇسكى، ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسىسى سۆزلىگۈچىدە مۇشۇ سۆزلەۋاتقان تېمىغا ئالاقىدار ئىشەنچلىك مەلۇمات بارمۇ - يوق دېگەننى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. بۇنداق چوڭ سىياسىي ئويۇن، خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى گېزىت - خەۋەردىن كۆرگەن يۈزەكى ئۇچۇرلار بىلەنلا تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ. پەلەستىن - ئىسرائىلىيە مەسىلىسى ھەققىدە زوق - شوق بىلەن سۆزلەۋاتقان كىشى، ھېچبولمىغاندا يېقىنقى يۈز يىللىق ئەرەب - يەھۇدىي مۇناسىۋەت تارىخىنى؛ ئىككىلا مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوخشىمىغان ئېقىملارنىڭ بەزى يادرولۇق قاراشلىرىنى؛ ئوتتۇرا شەرق، بولۇپمۇ پەلەستىن - ئىسرائىلىيەنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسىنى؛ نوپۇس قۇرۇلمىسى؛ مەدەنىيەت سەۋىيەسى؛ چەت ئەللەردىكى يەھۇدىيلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنى؛ باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى؛ پاتاخ، خاماس ۋە باشقا پەلەستىن كۈچلىرىنىڭ ئىدىئولوگىيەسى، ئەمەلىي كۈچى؛ ... دېگەنلەرگە ئالاقىدار مەلۇم سانلىق كۆرسەتكۈچلەرگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ھەر قانچە تەسىرلىك، قايىل قىلارلىق سۆزلەپ كەتسىمۇ، خۇلاسىسى ھەرگىز ئىشەنچلىك بولمايدۇ. بۇخىلدىكى تېمىلاردا سىزنىڭ لوگىكا يولىڭىز ھەر قانچە توغرا بولسىمۇ، مەلۇماتىڭىز خاتا، ياكى يېتەرسىز بولسا، يەنىلا مەزمۇت يەكۈنگە ئېرىشەلمەيسىز. بۇنداق مىساللارنى قويۇپ تۇرۇپ، كارخانا - شىركەتلەرنىڭ يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، يېڭى تىجارەت

ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش... دېگەندەك تەدبىر كېتىۋاتىدۇ، بازار تەكشۈرۈش، خېرىدارلار قاتلىمىنى تەھلىل قىلىش ... دېگەندەك زۆرۈر تەكشۈرۈشلەردىن قولغا كەلگەن سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا ئىستراتېگىيە ـ تەدبىر بەلگىلەش تېخى ئومۇملىشىپ بولالمىدى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، يۇقىرىقىلار پەقەت بىزنىڭ تەپەككۇر قىلغاندا، ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مىسال، خالاس. ئەلۋەتتە، بۇ خىل كەمچىلىك بىزنىڭ باشقا مەسىلىلەردىكى تەپەككۇرىمىزدىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ.

دېمەك، كىتاب بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى خام ئەشيا بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى، گەرچە بىز كىتابتىكى بارلىق ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارنى توغرا، ئىشەنچلىك دەپ كەسكىن ئېيتالمىساقمۇ، كوچا ـ كويلاردىكى مەنبەسى نائېنىق ئەپقاچتى گەپلەردىن ئىشەنچلىك دېيەلەيمىز. يەنە بىر تەرەپنىڭ كىتابتا ئۇچرىغان مەلۇماتلارنىڭ خاتالىقىنى بايقاشىمۇ بىر ئىلگىرلەش ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى خاتانى بىلگەندىلا توغرىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەلەيمىز، بولۇپمۇ ھەقىقەتنى لىباس قىلىۋالغان تۈرلۈك ـ تۈمەن سەپسەتىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە، خاتانى بىلەلمەيدىغان ھەقىقەتچىلەرنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى تولىمۇ زەئىپ بولىدۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتتى، سەپسەتە بىلەن بولغان كۆرەشتە دائىم ئاجىز كېلىدۇ.

## ② ـ كىتاب ئوقۇش تىلنى تاۋلايدۇ، تەپەككۇرنى قانداق ئىپادىلەشنى ئۆگىتىدۇ.

تىلشۇناسلىقتا تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە مۇھىم تېما بولۇپ، تىلشۇناسلار بۇ ھەقتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان، بىز بۇ يازمىمىزدا بۇ خىل قاراشلار ھەققىدە بىر ـ بىرلەپ توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت ئوخشىمىغان قاراشتىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان بىر مۇھىم ھەقىقەتنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز: «تىل ئالاقە قورالى بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى يەنە تەپەككۇرنىڭمۇ قورالىدۇر». گەرچە بىز بىۋاستە تەجرىبىمىزگە ئاساسلىنىپ، تەپەككۇر جەريانىدا مېڭىمىزنى ئىشلىتىمىز دەپ قارىساقمۇ، يەنە بىر قەدەم ئىنچىكىلەپ ئويلىنىپ باقساق، بىز ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر جەريانىنىڭ سانسىزلىغان سۆز ـ جۈملىلەردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەپەككۇرىمىزنى تىل ۋاستىسىدە ئىپادىلەيمىز. دېمەك، مەيلى تەپەككۇر جەريانىدا، ياكى تەپەككۇرنى ئىپادىلەشتە بولسۇن، تىل ئومۇمىي تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر گەۋدىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

بۇ باياندىن شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئادەملەرنىڭ تىل جۇغلانمىسى بىلەن تەپەككۇر سەۋىيەسى زىچ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تىل زاپىسى قانچە مول بولغانسېرى، تەپەككۇرى شۇنچە چوڭقۇر، كەڭرى، قايىل قىلارلىق بولىدۇ. مانا بۇ مول تىل جۇغلانمىسى بولسا، دەل زور مىقداردا كىتاب ئوقۇشتىن كېلىدۇ. بىز كىتاب ئوقۇش داۋامىدا، نۇرغۇنلىغان سۆزلۈك، تۈرلۈك جۈملە شەكىللىرى، رەڭگارەڭ ئۇسلۇپتىكى بايان، تەسۋىر، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر

بىلەن ئۇچرىشىمىز، بۇلار بىلەن قانچە كۆپ ئۇچراشقانسېرى، بۇئۇچۇرلار بىزنىڭ مېڭىمىزدە، بىز ئاتايىن يادلىۋالمىساقمۇ، ئىستېخىيەلىك تەرزدە ساقلىنىپ قالىدۇ. مېڭىمىزدە ساقلانغان بۇ تىل زاپىسى بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى مول بايلىق مەنبەسىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خۇددى ھۈنەرۋەنىنىڭ ساندۇقىدىكى قورال ـ سايمانغا ئوخشاش، بىز تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە ۋە ياكى ئۇنى نوتۇق ـ يېزىقتا ئىپادىلىگەندە دەرھال ئېلىپ پايدىلىنىدىغان تەييار قورالغا ئايلىنىدۇ. بالىلار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بەزى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بالىلار ئىگەللىگەن سۆزلۈك مىقدارى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر سەۋىيەسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولۇپ، سۆزلۈك مىقدارى كۆپ بالىلارنىڭ تەپەككۇر سەۋىيەسى، سۆزلۈك مىقدارى ئاز بالىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان. بىر قەدەر مۇرەككەپ سۆزلەرنى بىلىدىغان بالىلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان.

بىز داۋاملىق كىشىلەرنىڭ مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانتىم، قەلىمىم كۈچلۈك بولمىغاچقا يازالمىدىم، ئىچىمدىكىنى چىقىرالمىدىم دەيدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز. ماھىيەتتە، بۇ دەل شۇ كىشىلەردىكى تىل نامراتلىقىدىن كەلگەن تەپەككۇر كېكەچلىكىدۇر. ئادەمنىڭ تىل بايلىقى قانچە مول بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ نۇتقى ۋە قەلىمى شۇنچە راۋان، قايىل قىلارلىق، پاساھەتلىك كېلىدۇ. ئەكسىچە، كىتاب ئوقۇمايدىغان ياكى ئاز ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ بولسا، گەپكە ناقىس، قەلىمى گال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. سۇ زاپىسى مول تاغلاردىن باشلانغان دەريالارنىڭ ئېقىنلىرى ئەگرى ـ بۈگرى، سۇلىرى دولقۇنلۇق، جەلپكار بولغىنىدەك، تىلغا باي كىشىلەرنىڭ جۈملىلىرىمۇ، ئەنە شۇنداق سۈيى مول دەريادەك ئويناق، جەلپكار، گۈزەل چىقسا، تىلغا گاداي كىشىلەرنىڭ جۈملىلىرىمۇ، سۇ زاپىسى كەمچىل دەريانىڭ ئېقىنلىرىدەك، كۆچسىز، بىچارە، ئاددىي چىقىدۇ. بىزگە تونۇش زىيالىيلىرىمىزنى مىسالغا ئالساقمۇ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ھازىرقىلاردىن ئابدۇقادىر جالالىدىنلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تىل بالاغىتى، ئۇلارنىڭ مول كىتاب ئوقۇش بىلەن شەكىللەنگەن تىل جۇغلانمىسىدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

تەكىتلەش زۆرۈر بولغان ئالاھىدە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، بۇنداق مول تىل جۇغلانمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، بالىلىقتىكى كىتاب ئوقۇش مىقدارى ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتىدۇ. مۇتەخەسسلەرنىڭ قارىشىچە، بالىلىق مەزگىل بولۇپمۇ، يەتتە ياشقىچە بولغان ۋاقىت، تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ھالقىلىق مەزگىلىدۇر. ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىلدىن كېيىنمۇ باشقا تىللارنى ئۆگىنىش مۇمكىن بولسىمۇ، بۇ تىللار ئانا تىلىنىڭ ئورنىنى ھەرگىز ئالالمايدۇ، بەلكى ئانا تىلدا شەكىللەنگەن تىل تۇيغۇنلۇقى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. دېمەك، تىل جۇغلانمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، بالىلىقتىكى كىتاب ئوقۇشنىڭ، كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئوقۇشقا قارىغاندا، تەسىرى ئۇزۇل ـ كېسىل ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. ئادەمنىڭ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارى ـ مەيلى قايسى تىلدا ئوقۇسۇن ـ دەل بالىلىقتا قانچىلىك كىتاب ئوقۇغىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىز كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇسامىلا ئۇيقۇم كېلىپ قالىدۇ؛ قايتا ـ قايتا ئوقۇپمۇ چۈشىنەلمىدىم؛ ئوقۇپ بولۇپ كاللامدا ھېچنېمە قالمايدۇ؛ دېگەندەك

سۆزلىرىنى تولا ئاڭلايمىز. ئۆزىمىزمۇ كىتاب ئوقۇغاندا – بولۇپمۇ ئىلمىي، نەزەرىيەۋىي، پەلسەپەۋىي ئەسەرلەرنى – راۋان ئوقۇيالماي، تولا مۇدۇرۇپ، پۇتلىشىپ ماڭىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. گەرچە كۆزىمىز كىتاب ئوقۇۋاتسىمۇ، مېڭىمىز شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەزىم قىلىپ، كۆزىمىزنىڭ سۈرئىتى بىلەن مېڭىمىزنىڭ سۈرئىتى ماسلاشماي قالىدۇ – دە، شۇنىڭ بىلەن كىتاب ئوقۇش بىزگە نىسبەتەن بىر ئازابلىق پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزنىڭ كىتاب ئوقۇپ بولۇپ ھېچنېمە ئوقۇمىغاندەك بوپقېلىشىمىز، داۋاملىق ھازىرلا ئوقۇپ بولغان ئالدىنقى بەتنى ۋاراقلىشىمىز، ماھىيەتتە ئاشۇ ماسلاشماسلىقنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئوقۇش كېكەچلىكى دەپ ئاتاش مۇمكىن. كېكەچلىك نۇتۇقتىلا ئەمەس، ئوقۇشتىمۇ بولىدۇ، ساۋاتلىقلارنىڭ ھەممىسى كىتاب ئوقۇيالمايدۇ. دەل بالىلىقتىكى كىتاب ئوقۇش، كۆپ ئوقۇش بىزنىڭ كەلگۈسىدە ساۋاتلىق كېكەچلەردىن بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

مانا بۇ بايانلار بىزگە پەرزەنتلىرىمىزنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈشنىڭ نەقەدەر تەخىرسىز، مۇھىملىقىنى سەمىمىزگە سالىدۇ. ئاتا – ئانىلارنىڭ دەرسلىك نەتىجىسىگىلا ئېسىلىپ، بالىلارنى دەرستىن سىرتقى كىتابلارغا قىزىقتۇرماسلىق، بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىنى تازا مۇھىم بىلمەسلىك، بالىلارغا قىلىنغان ئېغىر زىيانكەشلىكتۇر. چۈنكى بالىلىقتا چالا قالغان ئوقۇشنى ئادەم كېيىنكى ھاياتىدا مەڭگۈ تولۇقلىيالمايدۇ. مىقداردا تولۇقلىيالىشى مۇمكىن، ئەمما سۈپەتتە تولۇقلىيالمايدۇ. چۆچەك – رىۋايەتلەردىكى ئاجايىپ – غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ بالىلىق قەلبىمىزدە پەيدا قىلغان ھاياجانلىق تۇيغۇ – سېزىملىرىنى، چوڭ بولغاندا ئوقۇپ ھېس قىلىش مۇمكىنمۇ؟ چىن تۆمۈر باتۇرنى بالىمىز ئوقۇپ ئالغان تەم بىلەن بىز ئوقۇپ ئالغان تەم ئوخشاش بولامدۇ؟ بالىلارغا كىتاب ئوقۇتماسلىق ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قۇشلىرىنى بوغۇزلىغان بىلەن باراۋەر. ئىنساننىڭ پەرزەنت پەرۋىشى ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالىغاندا، ئاندىن، ھايۋانلارنىڭ پەرۋىشىدىن پەرقلىنەلەيدۇ. پەرزەنتلىرىمىزنى كىتابقا يېتەكلەش، دەل ئۇلارنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقتۇر.

بولۇپمۇ بالىلارغا كىتاب ئوقۇش پۇرسىتى بەرمەيدىغان ھازىرقى مائارىپتا، بالىلىرىمىزنى كىتابقا قىزىقتۇرۇش، كىتاب ئوقۇتۇش ئاتا – ئانىلارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر بىز بۇ ۋەزىپىمىزنى ياخشى ئادا قىلالمىساق، ھاۋالىگە تاپشۇرۇلغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بىر ئەۋلات روھى مۇبەددەل ئاينۇقلاردىن بولۇپ چىقىشىدىن گۇمان قىلمىساقمۇ بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، تىلنىڭ تەپەككۇرنىڭ قورالى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم پاكىت، بىزنىڭ كىتاب ئوقۇش تىلنى تاۋلايدۇ دېگەن ھۆكۈمىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان يەكۈن شۇكى، پەقەت ۋە پەقەت كىتابنى كۆپ ئوقۇغاندىلا، تىلىمىز مول بولىدۇ، تىلىمىز مول بولغاندىلا تەپەككۇرىمىز كۈچلۈك بولىدۇ.

## ③ – كىتاب ئوقۇش لوگىكىلىق تەپەككۇرنى كۈچەيتىدۇ.

روشەنكى، لوگىكىلىق تەپەككۇر بىزنىڭ شەيئىي – ھادىسىلەر ئۈستىدە توغرا بىلىشكە

ئېرىشىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم قورال. مەيلى بىز ئېرىشكەن ئۇچۇرلار قانچىلىك كۆپ، ئىشەنچىلىك بولسۇن، ناۋادا توغرا ئۇسۇلدا پىششىقلىنىپ ئىشلەنمىسە، يەنىلا بىزنى توغرا بىلىشكە باشلىيالمايدۇ. لوگىكا بىر يۈرۈش قائىدىلىرى ئارقىلىق، تەپەككۇرىمىزنىڭ ئۆز لىنىيەسىدىن چەتنەپ كەتمەي، زىددىيەتتىن خالىي ئىزچىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەپەككۇر بىر جەريان، بۇ جەريان كۆزىتىش، تۇرگە ئايرىش، تەھقىقلەش، ھۆكۈم قىلىش ... قاتارلىق ئوخشىمىغان ئەقلىي پائالىيەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ. مانا مۇشۇ ئەقلىي پائالىيەتلەر پەقەت لوگىكىلىق قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ئارقىسىدا، ئاندىن خاتالىقتىن خالىي بولالايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئاددىي ئېيتقاندا، لوگىكا دېگىنىمىز، بىز ئاشۇ تاشقى ئۇچۇر - مەلۇماتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش داۋامىدا، رىئايە قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان بىر قاتار قائىدىلەردۇر.

بىز كىتاب ئوقۇش داۋامىدا، بىز داۋاملىق ئاپتورنىڭ تەپەككۇر جەريانى بىلەن ئۇچرىشىمىز. ئۇلارنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلىرى، چىقارغان خۇلاسە - يەكۈنلىرىنى ئۇچرىتىمىز. مۇشۇ داۋامدا، گەرچە بىز لوگىكىنى مەخسۇس ئوقۇمىساقمۇ، بىلىپ - بىلمەي لوگىكا سەزگۈرلۈكىمىز يېتىلىدۇ. ئوقۇۋاتقان مەزمۇنلار ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ ئەمەسمۇ؟ ھۆكۈملەر يۈت تىرەپ تۇرالامدۇ - يوق؟ يەكۈنلەرنىڭ دەلىل ئىسپاتلىرى يېتەرلىكمۇ ئەمەسمۇ؟ ... دېگەندەك سوئاللارنى ئۆزىمىزدىن سوراشقا ئادەتلىنىمىز. بۇ خىل سوئاللار كىتاب ئوقۇش داۋامىدا ئۆزلىكىدىن تاماملىنىدىغان تەپەككۇر مەشىقىدۇر. بولۇپمۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا، پەلسەپىۋى، ئىلمىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇشنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرىمىزنىڭ يېتىلىشىدە، ئالاھىدە مۇھىم رولى بار. چۈنكى لوگىكا بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرى، ئاز ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغانلار ئاز ئوقۇيدىغان ياكى ئوقۇمايدىغانلارغا قارىغاندا، لوگىكا مەشىقىنى كۆپ قىلىدۇ. بەدەنلا ئەمەس، مېڭىمۇ مەشىققە مۇھتاج.

مېنىڭ بۇ يەردە لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمدىكى مۇھىم سەۋەب، لوگىكىنىڭ ئەسلى مۇھىملىقىلا ئەمەس، بەلكى لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ نۆۋەتتە بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولۇۋاتقانلىقىدا. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئۇيغۇرلار ھازىر ئېغىر لوگىكىسىزلىك ئاپىتىگە مۇپتىلا. گەرچە بۇ بىر تومتاقلا ھۆكۈم بولسىمۇ، مەن بۇنى بىزنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇر رېئاللىقىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ دەپ قارايمەن.

بىز ھەركۈنى سانسىزلىغان لوگىكىسىز پىكىرلەرنىڭ قورشاۋىدا ياشاۋاتقان بولغاچقا، شۇنداقلا بۇ خىل ھالەت داۋاملاشقىلى بەك ئۇزۇن بولغاچقا، بىز بۇ كېسەلنى ھېس قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن، كاللىمىز پۈت دەسسەپ تۇرالمايدىغان، بىر - بىرىگە زىت ھۆكۈم - خۇلاسىلەرگە توشۇپ كەتكەن. ئاخشىمى بىر سورۇندا بىرى ئۇيغۇرلار ھۇرۇن دەپ سۆزلىسىمۇ باش لىڭشىتساق، ئەتىسى بىراۋدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەكچان، تىرىشچان مىللەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغىمۇ قايىل بولىمىز. بىر

مەھەللە ياكى بىر شەھەردە ئەمەس، بىر دۆلەتتە ھەپتە ساياھەت قىلىپ كىرىپلا، شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ ئىللەت - خىسلەتلىرى ھەققىدە كەسكىن ھۆكۈملەر بىلەن سۆزلەيمىز، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىختىسادىي - مەدەنىيىتى، سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇتەخەسسىسلەر كەبى سۆلەيمىز. ۋەھالەنكى، ئاشۇ ھۆكۈملەرنى شۇ دۆلەتتىكى كەسپىي مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئالدىراپ چىقىرالماسلىقى مۇمكىن. ھۆكۈم - خۇلاسىدە دەلىل - پاكىتقا ئېتىبار بەرمەسلىك؛ دەلىللەرنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلماسلىق؛ ئاڭلىغانلا گەپكە ئىشىنىپ سۆزلەپ يۈرۈش؛ قارىقويۇق ئىشىنىش ۋە قارىقويۇق رەت قىلىش؛ نوپۇزغا بىر بولسا مۇتلەق چوقۇنۇش، بىر بولسا مۇتلەق رەت قىلىش؛ ھەممىدىن گۇمان قىلىش ياكى ھېچنېمىدىن گۇمان قىلماسلىق؛ ... ساناپ كەلسەك بەك كۆپ. مانا بۇلارغا بىز كۈندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىمىز ۋە ئۆزىمىزمۇ سادىر قىلىپ تۇرىمىز. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى لوگىكىغا نامراتلىقنىڭ ئاسەرەت - ئالامىتىدۇر. لوگىكىسىزلىق، ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، دۆتلۈك، ھاماقەتلىك دېگەنلىكتۇر. بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى ئاۋامدىلا ئەمەس، ئەجەللىك يېرى، بىزنىڭ ئىلىمدارلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. لوگىكىسىز كىشىلەر ھەق - ناھەقنى؛ توغرا - خاتانى ئايرىيالمايدۇ؛ پاكىت بىلەن قاراشنى؛ تەسىرات بىلەن تەتقىقاتنى؛ ئاسان بىلەن قىيىننى؛ مۇھىم بىلەن جىددىينى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. ئۆزىنى دائىم گاھى پىل، گاھى قىل ئويلاپ قالىدۇ....

قىسقىسى، لوگىكىسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەت ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە ئەجەللىك. لوگىكىسىزلىق دېگىنىمىز، توغرا تەپەككۇر قىلالماسلىق دېگەنلىك بولۇپ، توغرا تەپەككۇر قىلالمايدىغان ئادەم توغرا بىلىشكە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى توغرا بىلىش توغرا تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى. بۇنداق بولغانىكەن، توغرا بىلىشكە ئېرىشەلمىگەن ئادەملەر توغرا ھەرىكەت قىلالمايدۇ، توغرا ھەرىكەت قىلالمىغانلار غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. دېمەك، ھەرقانداق بىر بىلىش، مۇئەييەن بىر ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىنساننىڭ بىلىمگە ئېرىشىشىدىن مەقسەت، شۇ بىلىم يېتەكچىلىكىدە ئۆزىگە پايدىلىق بىر نەتىجىگە ئېرىشىشتۇر. بۇنىڭدىن، بىز غەلىبىنىڭ شەرتى توغرا بىلىش ئاساسىدا توغرا قىلىش دېگەن خۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ پىكىر يۈرگۈزسەك توغرا بىلىشنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرنى شەرت قىلىدىغىنىنىمۇ بىلەلەيمىز. بەلكىم تۆۋەندىكى سىخېما بۇنى چۈشىنىشلىكرەك ئىپادىلىيەلىشى مۇمكىن:

لوگىكىلىق تەپەككۇر - كىتاب ئوقۇش - غەلىبە - توغرا ھەرىكەت - توغرا بىلىش - لوگىكىلىق تەپەككۇر.

## ④ - كىتاب ئوقۇش تەپەككۇرنى ئىزچىل ئادەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

باشتا قەيت قىلغىنىمىزدەك، تەپەككۇرنىڭ ئۆزى بىر ئاڭلىق، مەقسەتلىك ئېلىپ بارىدىغان بىر جەريان، بۇنداق بولغىنىدەك ئۇ بىزدىن ئادەتلىنىشى، داۋاملىق تۈردە تەكرارلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇندىلا، تەپەككۇر بىزنىڭ دائىملىق ئادىتىمىزگە ئايلىنىدۇ. كىتاب ئۆزىدىكى مول مەلۇمات، قىزىقارلىق ۋەقە، جانلىق پېرسوناژ، چوڭقۇر

ھېكمەتلەر بىلەن بىزنى داۋاملىق ئويلىنىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا غىدىقلاپ تۇرىدۇ. ئۆزىمىزمۇ شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۆزى، ماھىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىمىز بىلەن دىيالوگ ئېلىپ بېرىش جەريانىدۇر. مانا بۇ دىيالوگ دەل تەپەككۇرنىڭ ئۆزىدۇر. كىتاب ئوقۇپ باققان ھەر قانداق بىر ئادەم بۇنداق كەچۈرمىشنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. بەلكىم بەزى كىشىلەر بىر كىتاب ئوقۇپ تەپەككۇرغا ئادەتلىنىمىز دەپ يۇرمىسەكمۇ، تۇرمۇش، خىزمەت، سودا ـ سېتىقلىرىمىزدا بىز ئويلىنىدىغان سان ـ ساناقسىز مەسىلىلەر يېتىپ ئاشىدۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ئۆزىمىزگە بۇنداق تەسەللىي بېرىپ ئالداش، بىر ھاماقەتلىكتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. كىتاب قوزغاتقان تەپەككۇر بىلەن، كۈندىلىك ئۇششاق ئىشلار قوزغاتقان ئوينىڭ ئارىسىدا، سۈپەت ـ دەرىجە جەھەتتىن زور پەرق بار. بىز تۇرمۇشتىكى بۇ خىل ئۇششاق ئىشلار ھەققىدە باش قاتۇرۇشنى تەپەككۇر قىلىش دەپ ئاتىمايمىز، بەلكى ئويلىنىش دەپ ئىپادىلەيمىز. تەپەككۇر ئادەم ئاڭلىق ھالەتتە تاماملايدىغان مەقسەتلىك ئەقلىي پائالىيەت، كېيىنكىسى بولسا، بىزدە مەلۇم دەرىجىدە رېفلېكسقا ئوخشاپ كەتكەن، ئىختىيارسىز تاماملىنىدىغان ئەقلىي پائالىيەت. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەن بۇ يەردە تەشەببۇس قىلىۋاتقان تەپەككۇر ئادىتى، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ كۈندىلىك ئوي ـ خىياللىرىمىز ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن ئوبيېكت ھەققىدە مەقسەتلىك، ئاڭلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئويلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. كىتاب ئوقۇش بولسا بىزنى ئاڭلىق تەپەككۇرغا يېتەكلەيدۇ، بىز يولۇققان شەيئىي، ھادىسىلەردىن ئاتلاپلا ئۆتۈپ كەتمەستىن، ئۇلار ھەققىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تېگى ـ تەكتىدىن چۈشىنىشنى ئىستەيدىغان، داۋاملىق ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن سوئال سوراپ تۇرىدىغان بىر تەپككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئوخشاش ئۈچۈرنىڭ تەپەككۇر ئادىتىگە ئىگە ۋە ئىگە ئەمەسلەر ئۈچۈن قىممىتى ئوخشاش ئەمەس. نيۇتون دەۋرىگە قەدەر سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ بېشىغا ئالما ـ نەشپۈتلەر چۈشكەن بولغىيدى، ئەمما بۇ نيۇتونغا نىسبەتەن بىر دەۋر بۆلگۈچ ئىلمىي بايقاشنىڭ يىپ ئۇچى بولدى. بىز بۇنى ھەرگىزمۇ نيۇتوننىڭ ئەسلىدىكى بىلىم ئاساسى ۋە پىكىر قىلىش ئادىتىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز.

ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى چېنىقىشقا مۇھتاج بولغىنىدەك، مېڭىمۇ چېنىقىشقا مۇھتاج. مېڭىگە نىسبەتەن كىتاب ئوقۇش ئەڭ ياخشى چېنىقىش ھېسابلىنىدۇ. بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ساۋاتلىق كىتاب كېكەچلىرىنىڭ مېڭىسى دەل موشۇنداق ئىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن، ياكى يېتەرلىك بولمىغان. بىزگە بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسىنىڭ گەدىنىمىزدە ھەققى بار. ھەقىقەتنى كۆرمىگەن كۆزلەر، ئاڭلىمىغان قۇلاقلار، تەپەككۇر قىلمىغان مېڭىلەر ئۆز ھەققىنى ئۆزى دەپسەندە قىلغان خىيانەتچىدۇر. ھەر ئادەمنىڭ ماقامى تەپەككۇرى بىلەن يارتىلىدۇ. تەپەككۇرگە ئادەتلەنگەن ئادەم بىلەن ئادەتلەنمىگەن ئادەم تامامەن ئىككى ماقام، ئىككى دۇنيادا ياشايدۇ. قۇرئاندىكى: «بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر باراۋەر بولامدۇ» (زۇمەر سۈرىسى 9 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى تەپەككۇر قىلىدىغانلار بىلەن تەپەككۇر قىلمايدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ دەپمۇ شەرھىيلەش مۇمكىن. ئەگەر تەپەككۇرنى

كىتابقا باغلىغىنىمىزدا، بۇ ئايەتنى يەنە كىتاب ئوقۇيدىغانلار بىلەن ئوقۇمايدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ دەپ شەرھلەش ھەم مۇمكىن. كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيا رېئاللىقىمۇ بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلارنىڭ ھەقىقەتەن باراۋەر ئورۇندا ئەمەسلىكىنى، بىلىدىغانلارنىڭ ھاكىم، بىلمەيدىغانلارنىڭ مەھكۇم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئىنسان بىلىش بىلەن ھاكىم، بىلمەسلىك بىلەن مەھكۇم بولىدۇ.

تېمىغا قايتىپ كەلسەك، مېنىڭ تەپەككۇر ئادىتىنى شۇنچە كۈچەپ تەكىتلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك تەپەككۇر ئېرىنچەكلىكىگە مۇپتىلا. بىزنىڭ بارلىق پائالىيىتىمىزدىن بۇنىڭ ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە بۆلەكلەرگە پارچىلاپ ئانالىز قىلىشتىن ئېرىنىمىز، مەسىلە ــ ھادىسىلەر ھەققىدە تۈزۈك ئويلانمايلا پومىداقلاپ خۇلاسە چىقىرىمىز. چىگىش مەسىلىەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. تەپەككۇر ئادىتىگە ئىگە ئەمەس كىشىلەر ئۈچۈن، قىلنى قىرىققا يېرىپ پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەتراپلىق ئىنچىكىلەش ناھايىتى زېرىكىشلىك، مۈشكۈل بىر ئىش بولۇپ تويۇلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئەقلىمىزنى لال قىلىۋاتقان يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار، ئىلىم ــ پەن نەتىجىلىرى، كەشپىياتلار، دۆلەتلەرنىڭ سىياسەت ــ ئىستاتېگىيەلىرى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان ئەنە شۇنداق ئىنچىكىلىك، ئەستايىدىللىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھازىر دائىم ئابستراكت، شۇئارسىمان ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى توۋلاۋاتىمىز، ئەمما ئەنە شۇ ھەقىقەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان كونكرېت قەدەم ــ ئۇسۇللارغا كەلگەندە دەرھال بېشىمىز ئاغرىيدۇ، ئەپلەپ ــ سەپلەپ ئۆتۈپ كېتىمىز.

ماھىيەتتە، مەسىلىنىڭ جېنى دەل مۇشۇ يەردە. بىز تۈزۈك پىكىر يۈرگۈزمەستىنلا، دەرھال بىر توغرا خۇلاسىگە ئېرىشىشنى خام ــ خىيال قىلىمىز. ئەپسۇسكى، جاھاننىڭ قانۇنىيىتى بۇنداق ئەمەس. كونكرېت ئۇسۇل، قەدەم ــ باسقۇچلارغا كەلگەندە، شۇئارۋاز ھەقىقەتچىلەرنىڭ دەسمايىسى دەرھال غالتەككە چىقىدۇ. ھەرقانداق ئىشتىكى كونكرېتلىق، ماھىيەتتە زېرىكمەي، ئېرىنمەي پىكىر يۈرگۈزۈش، توختاۋسىز جاھىللىق بىلەن تەپەككۇر قىلىشتىن كېلىدۇ. كونكرېتلاشتۇرۇلمىغان نەرسىنى ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. ئىجرا قىلىنمايدىغان ھەقىقەتنى توۋلاپ يۈرۈشنىڭ بىزنىڭ بەزى پىسخىك ئېھتىياجلىرىمىزنى قاندۇرۇشتىن بۆلەك ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ. مۆلچەر، تەخمىنگىلا تايىنىپ ئىش قىلىش، ھەممە نەرسە مىقدارلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنياغا ماس كېلىدىغان ئۇسۇل ئەمەس. تەپەككۇر ئادىتى بولغاندىلا، بىز مەسىلىەرنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن قورقۇپ كەتمەستىن، ئۇنىڭغا سوغۇققانلىق بىلەن يۈزلىنەلەيمىز، ئۆزىمىزنىڭ خۇلاسە ــ يەكۈنلىرىنى ئىنچىكە، مىقدارلىق ئانالىز ئۈستىگە قۇرالايمىز. ھالبۇكى، بۇ ئادەت ئىزچىل كىتاب ئوقۇش بىلەن شەكىللىنىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. كىتاب ئوقۇشنىڭ مېنىڭچە ئەڭ ماھىيەتلىك رولى، مەلۇماتىمىزنى موللاشتۇرۇشلا بولماستىن، بەلكى بىزنى ئاكتىپ، ئىزچىل تەپەككۇر ئادىتىگە ئىگە قىلىشتا. كىتاب ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ بىلمەيدىغىنى ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەمما بىلمەيدىغىنى ئاز بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەپەككۇردىن ئېرىنمەيدۇ، جاۋابنى نەدىن، قانداق تېپىشنى بىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، كىتاب ئوقۇشنىڭ تەپەككۇرغا

كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەرگىزمۇ يۇقاردا بايان قىلىنغان تۆت نۇقتىدىلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ پەقەتلا مېنىڭ ئويلىغانلىرىم، ئوقۇرمەنلەر چوقۇم باشقا تەرەپلىرىنىمۇ ھېس قىلالايدۇ

خاتىمىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن، بەزى كىشىلىرىمىزدىكى كىتابتىن ئۆزىنى بىھاجەت ساناشتەك بىچارە ھاكاۋۇرلۇق ھەققىدە سەل تەگەشكە توغرا كېلىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئوقۇغۇچى، يازغۇچى ياكى كادىر ـ زىيالى ۋە ياكى ئالەم تەتقىقاتچىنىڭ ئىشى دەپ قاراش، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان ئىپتىدائىي دۆتلۈك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ دۆتلۈك ئارىمىزدىكى خېلى كىشىلەردە تېپىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئارقا كۆرۈنۈش، مۇناسىۋەت بىلىم ـ ئىقتىداردىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان غەيرىي نورمال ئىجتىمائىي قورۇلمىغا ئىگە جەمئىيەتتە بىلىمنىڭ سەل قارىلىشى، تەبىئىي تۇردە كىتابنىڭ سەل قارىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىزدە ھۈنەرۋەنلەر كىتاب بىلەن نېمە ئىشىم دەپ ئويلايدۇ، دۇكانچى دۇكىنىنى ئېچىشتا كىتابقا مۇراجىئەت قىلمايدۇ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى كىتاب ئوقۇپ تەربىيەلىمەيدۇ، كارخانىچىلار بولسا ئالدىراشلىقىنى كىتاب ئوقۇماسلىقىنىڭ باھانىسى قىلىشتىن ئۇيالمايدۇ. ھەتتا كىتاب ئوقۇشقا داۋاملىق ئېھتىياجى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ كەسپىنىڭ سىرتىدا كىتاب كۆرۈپ كەتمەيدۇ... ئۇنداقتا مۇنۇ سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن؟

ھۈنەرۋەن ھۈنىرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشتا، بىلىمگە مۇھتاج بولمامدۇ؟

دۇكان ئېچىش بىلىم تەلەپ قىلمامدۇ؟ كارخانا باشقۇرۇشچۇ؟ بالا تەربىيەلەشچۇ؟...

ئەلۋەتتە، ھېچكىم بۇ سوئالغا مۇھتاج ئەمەس دەپ جاۋاب بەرمەيدۇ، دېمەك، بىلىمنى ئېتىراپ قىلغانىكەنمىز، كىتاپ ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان بولىمىز. ئەمما بىلىمنى ئېغىزىمىزدا مۇھىم دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە كىتاب ئوقۇمايدىغان رېئاللىقىمىز بىر مەسخىرىلىك زىددىيەتنى ھاسىل قىلىدۇ. سۇغا تەشنا ئادەمنىڭ بۇلاقنى ياقتۇرماسلىقى پەقەت شۇ كىشىدىكى نادانلىقنى ئېچىپ بېرىدۇ، خالاس.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىلىم چۈشەندۈرمەيدىغان، جاۋاب بەرمەيدىغان تېما، مەسىلىلەر يوق دېيەرلىك (بۇ ھەرگىزمۇ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ھەممە سىرلارغا جاۋاب تېپىپ بولدى دېگەنلىك ئەمەس). يۇقارقىدەك دۇكان ئېچىش، ھۈنەر ـ كەسىپ، كارخانا باشقۇرۇش، پەرزەنت تەربىيەسى دېگەندەك ئاللىبۇرۇن مۇكەممەل كەسپىي پەنلىرى شەكىللىنىپ بولغان ئىشلارنى قويۇپ تۇرايلى، چامادانغا نەرسە ـ كېرەكلەرنى قانداق قاچىلاش، گالىستۇكنى قانداق تاقاش، ... دېگەنگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار توغرىلىقمۇ مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئۇچرىتالايمىز. بىز ئۇچراۋاتقان ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك ئىش ئىلىم يۈكسەكلىكىدە مۇئامىلە قىلىنىۋاتىدۇ، ھەر بىر مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك پەنلەردىن جاۋاب ئىزدىلىۋاتىدۇ، ھالبۇكى، بىز پەقەت مىراس تەجرىبە، تەبىئىي ئەقىل ـ زېرەكلىكىمىزگە تايىنىپلا ئىش كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. مەسىلىلەرگە دۇچ كەلسەك، ئاۋال كەسپىي پەنلەرگە مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەقەللىي ساپامۇ بىزدە تېخى يېتىلگىنى يوق. گەرچە ئەقىل، زېرەكلىك ئىنتايىن مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىلىمنىڭ قوشۇلماسلىقى ئەقىلنىڭ

رول ئوينىيالايدىغان دائىرىسىنى تارايتىپ، چېكىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدۇ. ئەقىللىق بىر ئادەم يۈزبېشى بولالىشى مۇمكىن. ئەمما مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بىلىملەرنى ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن گېنېرال بولالىشى مۇمكىن. ئەقىللىق بىر سودىگەر بىر دۇكاننى گۈلدەك ئاچالىشى مۇمكىن، ئەمما دۇكان ئۈچ بولسىچۇ؟ ئوتتۇز بولسىچۇ؟ ئۈچ ئادەمنى باشقۇرالىشى مۇمكىن، ئوتتۇز ئادەمنىچۇ؟ بىر دۇكاننىڭ ھېسابىنى تۇتالىشى مۇمكىن، ئون دۇكان، ئوتتۇز دۇكاننىڭچۇ؟ بۇلارنى نوقۇل زېرەكلىك بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. كەسپىي بىلىملەرگە مۇراجىئەت قىلماي ئامال يوق. ئادەم دائىم كىچىك، ئاددىي ئىشلارنى قىلالىغاندىكى ئەقىل ـ پاراسىتىدىن مەست بولۇپ، ئۆزىگە ئالدىنىپ قالىدۇ، ئىستىداتىنى ئاتۇق مۆلچەرلەپ قويىدۇ. ھەرقانداق ئەقىللىق كىشىنىڭ كۆتۈرەلەيدىغان چېكى بار، شۇچەكتىن ئاشقاندا، بىلىم قوشۇلمىغاندا، ئۇ ئەقىللىق كىشىلەرگىمۇ ئوكسىگېن يېتىشمەسلىككە باشلايدۇ. ئۆز ـ ئۆزىگە داۋاملىق بىلىم بىلەن ئېنېرگىيە تولۇقلاپ تۇرالايدىغان كىشىلەرلا ھەرقانداق ۋاقىتتا مەسىلىنى توغرا چۈشىنەلەيدۇ ۋە لايىق بىر چارە تاپالايدۇ. مانا بۇ دەل توختاۋسىز كىتاب ئوقۇشتىن كېلىدۇ. كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۈگۈنكىدەك، ئوقۇش مىسلىسىز قولايلاشقان بىر دەۋردە، سىز مەيلى ئوقۇغۇچى بولۇڭ ياكى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، سودىگەر ـ كارخانىچى بولۇڭ، ياكى ئائىلە ئايالى بولۇڭ كىتاب ئوقۇماسلىققا ھېچقانداق ئۆزرىڭىز يوق.

## خاتىمە:

بىر مىللەت مەيلى كىرىزىس ئىچىدىكى ۋاقىتىدا ياكى كىرىزىستىن قۇتۇلغاندىن كېيىن بولسۇن، ئىسلاھات روھى مەزكۇر مىللەت ھاياتىي كۈچىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات روھىدىن ئايرىلغان مىللەت ھالاكەت يولىغا ماڭغان بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش قاتلىمى كۆپ خىل بولغاچقا ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك ساھەلەر بىرلا بولمايدۇ، بىز مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش لازىم، ئىقتىسادىي ئىسلاھات، قانۇن ئۆزگەرتىش، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى... دېگەندەك سۆزلەرنى تولا ئاڭلاپ كەتكەن. بۇ يەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىسلاھات مەزكۇر ساھەلەردىكى نورمال تەرەققىياتقا توسالغۇلۇق قىلىۋاتقان ئامىللارنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. ساھەنىڭ مۇھىملىقىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئىسلاھاتنىڭ تەرتىپىدىمۇ پەرق بولىدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئاۋۋال ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن. بەزى دۆلەتلەر بولسا مائارىپ ئىسلاھاتىنى باش ئورۇنغا قويۇشى مۇمكىن، ئەمما ھەممىسىگە ئورتاق بولغان بىر مۇھىم ساھە بار، بۇ ساھە ئىسلاھ قىلىنماي تۇرۇپ، باشقا ساھەلەرنى ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ بولسىمۇ ئاڭ ئىسلاھاتىدۇر. چۈنكى ئاڭ ئۆزگەرگەندىلا، ئىنساننىڭ ھەرىكىتى، دۇنيا قارىشى ئۆزگىرىدۇ، ئۆزگە، دۇنياغا يېڭى بىر نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئاڭدىكى ئىسلاھات بولسا مېڭىمىزنىڭ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن كۆپلەپ ئۇچرىشىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. مانا بۇ تەبىئىي تۈردە كۆپلەپ ئوقۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش

تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئاقارتىشنىڭ ھەر قايسى گۈللىنىش ھەرىكەتلىرىدىكى ئورتاق ھادىسە ئىكەنلىكى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم بىر شەكلى بولغان ئاقارتىش ھەرىكىتى ئىچىدە ئوقۇش ئەڭ ماھىيەتلىك ئورۇن تۇتىدۇ. بىز ئىتالىيەدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، سانائەت ئىنقىلابى، ياپونىيەدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش، خىتايدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى دېگەنلەرنى مىسالغا ئالمىغاندىمۇ، ئۆز تارىخىمىزدىكى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ، مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭمۇ ئىشنى ئوقۇشتىن باشلىغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەتتا، ھەممىمىز بىلگىنىمىزدەك، مۇھەممەد پەيغەمبەرگە تۇنجى چۈشكەن ئىسلاھات چاقىرىقىمۇ «ئوقۇ!» (سۈرە ئەلەق 1 ـ ئايەت)دىن باشلانغان، ئوقۇشنى پەرز قىلغان. بۇ دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئوقۇشتا باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشى، ئۇلارنىڭ مەھكۇملۇقىنىڭ سەۋەبىنى مەلۇم نۇقتىدىن ئىما قىلسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىغا قىلىۋاتقان ئاسىيلىقىنىڭ بىر پاكىتى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

قىسقىسى، بۈگۈنىمىزدە كىتاب ئوقۇش ھەر بىر ئۇيغۇرغا نىسبەتەن تۇزكەبى مۇھىمدۇر. كىتابنى تەرك ئېتىش، نادانلىقنى دوست تۇتقانلىقتۇر. بىزنىڭ ئەقلىمىز ئويغانماي تۇرۇپ، تەپەككۇرىمىز قۇۋۋەت تاپماي تۇرۇپ، ھېچبىر ئىشىمىزدا نەتىجە قازىنالمايمىز. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، كىتابسۆيەرلىك ئەڭ ياخشى مىللەت سۆيەرلىكتۇر.



taklimakan.biz